## 49023 ـ ئىسلام دىنىدىكى دەرىجە ـ مەرتىۋىلەر

### سۇئال

ئىسلام دىنىدا دەرىجە ـ مەرتىبىلەر بارمۇ ؟ ئۇلار قايسىلار ؟

### تەپسىلى جاۋاپ

مەدھىيە ئاللاھقا بولسۇن .

ھەئە ، ئىسلام دىنىدا ئۈچ دەرىجە بار ، ئۇلار ، ئىسلام ، ئىمان ۋە ئىھساندىن ئىبارەت . ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ مەنىسى ۋە ئەركانلىرى بار .

1– ئىسلام ، ئۇنىڭ ئەرەپ تىلىدىكى مەنىسى ، بويسۇنۇش . شەرىئەت ئاتالغۇسىدا ئۇنىڭ مەنىسى ئىشلىتىلىش ئورنىغا قاراپ ھەرخىل بولىدۇ ، ھەمدە مۇنۇ ئىككى ئۇقۇمنىڭ بىرىنى بىلدۈرىدۇ :

(1) بۇ سۆز ئايرىم كەلگەندە ، ھەمدە <ئىمان>سۆزى بىلەن بىللە كەلمىگەندە ، ئىماننىڭ(ئىشىنىش) چوڭ ـ كىچىك مەسىلىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا بىر پۈتۈن دىننى كۆرسىتىدۇ ، ئاللاھ مۇنۇ ئايەتلەردە ئېيتقاندەك :

ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ نەزىرىدىكى دىن – ئىسلام .

[ ئال ئىمران(ئىمران ئائىلىسى) : 19 ]

ھەمدە ئىسلامنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشىنى تاللىدىم .

[ مائىدە(داستىخان): 3 ]

كىمكى ئىسلام دىنىدىن باشقا بىر دىننى ئىزدەيدىكەن ، ئۇنىڭدىن ھەرگىز قوبۇل قىلىنمايدۇ .

شۇڭلاشقا بەزى ئالىملار ئۇنىڭغا ، يەنى ئىسلامغا ، ئاللاھقا ئۇنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلغان ھەمدە ئۇنىڭ بۇيرىقىنى ئاڭلىغان ھالدا ھەمدە شىرىك ۋە ئۇنىڭ ئەھلىدىن ئادا ـ جۇدا بولغان ھالدا بويسۇنۇش دەپ ئېنىقلىما بەردى .

(2) ئۇ ، <ئىمان> سۆزى بىلەن بىرلىكتە كەلسە ، ئۇ ھالدا ، ئۇ تاشقى ھەركەتلەرنى ۋە سۆزلەرنى كۆرسىتىدۇ ، ئاللاھ مۇنۇ ئايەتلەردە ئېيتقاندەك :

كۆچمەن ئەرەپلەر(بەدەۋىلەر) : بىز ئىشەندۇق (ئىمان ئېيتتۇق) دىدى . دىگىنكى ، سىلەر تېخى ئىشەنمىدىڭلار ، لىكىن ،(ئىسلامغا )بويسۇندۇق ، دەڭلار ، ئىشىنىش(ئىمان) سىلەرنىڭ قەلبىڭلارغا تېخى كىرگىنى يوق ...

[ ھۇجۇرات(ھۇجرىلار) : 14 ]

سەھىيھۇل بۇخارىي (27) ،سەھىيھۇل مۇسلىم(150) تە ، سەئىيد بىن ئەبۇ ۋەققاستىن مۇنداق دەپ نەقىل قىلىنغان : ئاللاھ ئەلچىسى(ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) بىر كىشىلەرگە زاكات تارقىتىۋاتقاندا ،سەئىيد ئۇ يەردە ئولتۇراتتى

. سەئىيد : لېكىن ،ئاللاھ ئەلچىسى(ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) مەن ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ياخشى دەپ ئويلىغان كىشىنى قالدۇرۇپ قويدى ، ھەمدە ئۇنىڭغا ھىچنىمە بەرمىدى . مەن دېدىم : "ئى ئاللاھ ئەلچىسى ، سەن نىمىشقا پالانى كىشىنى قالدۇرۇپ قويىسەن ؟ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى ، مەن ئۇنى ئېتىقادلىق بىر مۇئمىن دەپ قارايمەن . " ئاللاھ ئەلچىسى : ياكى (پەقەتلا) بىر مۇسۇلمان . دېدى . مەن بىر ھازا شۈك تۇردۇم . بىراق مەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي سۇئالىمنى تەكرارلىدىم ، چۈنكى مەن ئۇ كىشىنى بىلەتتىم . مەن : " ئى ئاللاھ ئەلچىسى ، نىمىشقا پالانى كىشىنى قالدۇرۇپ قويىسەن ؟ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى ، مەن ئۇنى ئېتىقادلىق بىر مۇئمىن دەپ قارايمەن ." دېدىم . ئاللاھ ئەلچىسى : ياكى (پەقەتلا) بىر مۇسۇلمان ، گەرچە بىر ئادەم ماڭا سۆيۈملۈك بولسىمۇ ، مەن ئۇنىڭ يۈزچىلەپ ئوتقا تاشلىنىشىدىن ئەنسىرەپ باشقا بىرىگە بىرىمەن دېدى . سەئىد پەيغەمبەرگە : " ئاللاھ بىلەن قەسەمكى ، مەن ئۇنى بىر ئېتىقادلىق مۇئمىن دەپ قارايمەن ." دېگەندە ، ئۇنىڭ: ياكى (پەقەتلا) بىر مۇسۇلمان دېگەن سۆزىگە كەلسەك ، ئۇنىڭ مەنىسى : سەن ئۇنىڭ ئىمانىنى كۆرمىدىڭ ، سەن پەقەت تاشقى ئىش-ئەمەللەردىن ئىبارەت ئۇنىڭ ئىسلامىنى كۆردۈڭ .

2-مەرتىبە – ئىيمان ، ئۇنىڭ ئەرەپ تىلىدىكى مەنىسى : قوبۇل قىلىش ۋە بويسۇنۇشنى لازىم قىلىدىغان ئىشىنىش .

شەرىئەتتىكى مەنىسى : ئورنىغا قاراپ ھەرخىل بولىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ تۆۋەندىكى ئىككى ھالىتى بار :

بىرىنچى ھالەت : <ئىسلام> سۆزى بىلەن بىللە تىلغا ئېلىنماي ، ئايرىم كېلىش ، بۇ ھالەتتە ئۇ بىر پۈتۈن دىننى كۆرسىتىدۇ ، ئاللاھ ئېيتقاندەك : الله م□مىنلەرنىڭ ئىگىسىدۇر، ئۇلارنى (كۇفرىنىڭ) زۇلمىتىدىن (ئىمانىنىڭ) يورۇقلىقىغا چىقىرىدۇ؛ [ بەقەرە( ئىنەك): 257 ]

ئەگەر سىلەر ھەقىقى ئىشەنگۈچى بولساڭلار ، ئاللاھقا تەۋەككۈل قىلىڭلار .

[ مائىدە ( داستىخان ) : 23 ]

ھەمدە پەيغەمبەر مۇنداق دېگەن : جەننەتكە پەقەت ئىشەنگۈچىلەر(مۇئمىنلەر)لا كىرىدۇ . [ ئۇنى مۇسلىم نەقىل قىلغان ، 114 ]

شۇڭلاشقا پىشقەدەملەر( ساھابە-تابىئىنلار) : " ئۇ قەلبتە چىن پۈتۈش – بۇ قەلب ئىش-ئەمەللىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ، ھەمدە تىل بىلەن سۆزلەش ، بەدەن ئەزالىرى بىلەن ئىش-ئەمەل قىلىش ، ئۇ ئىتائەت ئىشلىرى( تائەت- ئىبادەت) بىلەن ئارتىدۇ ، گۇناھ بىلەن كېمىيىدۇ . " دېگەنگە بىرلىككە كەلدى .

شۇڭلاشقا ئاللاھ بۇ <ئىيمان> سۆزىنى دىنىنىڭ ھەممە قىسمىغا ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتىن ئەگىشىپ ماڭغۇچىلار بىلەنلا چەكلىدى ، ئۇ مۇنداق دەيدۇ :

پەقەت الله ياد ئېتىلسە دىللىرىدا قورقۇنچ پەيدا بولىدىغان، الله نىڭ ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنسا ئىمانى كۈچىيىدىغان، پەرۋەردىگارىغا تەۋەككۈل قىلىدىغان كىشىلەرلا(كامىل) م□مىنلەردۇر (2). ئۇلار (مۇكەممەل رەۋىشتە) ناماز ئوقۇيدۇ، بىز ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگەن پۇل- مالدىن (خۇدا يولىدا) سەرپ قىلىدۇ (3). ئەنە شۇلار ھەقىقي م□مىنلەردۇر، ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا يۇقىرى مەرتىۋىلەرگە، مەغپىرەتكە ۋە ئېسىل رىزىققا (يەنى جەننەتنىڭ تۈگىمەس نېمەتلىرىگە) ئېرىشىدۇ . [ ئەنفال (غەنىيمەتلەر) : 2-4 ]

ھەمدە ئاللاھ ئىمانىنىڭ دىنىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن :

سىلەرنىڭ كۆن چىققان ۋە كۆن پاتقان تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈشۈڭلارنىڭ ئ□زىلا ياخشى ئەمەلگە ياتمايدۇ. بەلكى الله غا، ئاخىرەت كۈنىگە، پەرىشتىلەرگە، كىتابقا (يەنى الله نازىل قىلغان كىتابلارغا)، پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش، الله نى س□يۈش يۈزىسىدىن خىش– ئەقرىبالارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبنى سەبىللەرگە (يەنى يۇل– مېلىدىن ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالغان مۇساپىرلارغا)، سائىللارغا ۋە قۇللارنىڭ ئازاتلىقىقا ئېرىشىشىگە پۇل– مال ياردەم بېرىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، ئەھدىگە ۋاپا قىلىش، يوقسۇزلۇققا، كېسەللىككە ۋە (الله نىڭ يولىدا قىلىنغان) ئۇرۇشقا بەرداشلىق بېرىشياخشى ئەمەلگە كىرىدۇ. ئەنە شۇلار (يەنى يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە كىشىلەر) (ئىمانىدا) راستچىل ئادەملەردۇر، ئەنە شۇلار تەقۋادار ئادەملەردۇر . [ بەقەرە(ئىنەك ) : 177 ]

ھەمدە پەيغەمبەر سەھىيھۇل بۇخارىي (53) ، سەھىيھۇل مۇسلىم( 17) دىكى ئابدۇل قەيس ئۆمىكى ھەدىيسىدە ئۇنىڭ دىنىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى كۆرسۈتۈپ مۇنداق دىگەن : « مەن سىلەرنى ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشكە بۇيرىيمەن ، ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشنىڭ نىمىلىكىنى بىلەمسىلەر ؟ ، ئۇلار : " ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسى ياخشى بىلىدۇ ." دىدى . ئۇ : ئاللاھتىن باشقا ھىچ ئىلاھ يوق ، مۇھەممەد ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بىرىش ، ناماز ئۆتەش ، زاكات بىرىش ، رامىزان روزىسىنى تۇتۇش ، ھەمدە غەنىيمەتنىڭ بەشتىن بىرىنى بىرىش دىگەن .

ئۇ ئىشەنگەن ۋە ئۈمۈد قىلغان ھالدا رامىزاندا روزا تۇتۇشنى ئىماننىڭ بىرى قىلغان . ۋە شۇنىڭدەك ، قەدىر كېچىسى ئىبادەتكە تۇرۇشنى ۋە شۇنىڭدەك ئامانەتنى ئادا قىلىشنى ۋە شۇنىڭدەك جىھاد ، ھەج ۋە جىنازىلەرگە ئەگىشىشنى ۋە باشقىلارنى ئىماننىڭ بىر قىسمى قىلغان . سەھىيھۇل بۇخارىي(9) ، سەھىيھۇل مۇسلىم(35) دە مۇنداق دىيىلگەن : ئىيمان يەتمىش نەچچە تارماق بولۇپ ، ئۇنىڭ ئەڭ يۇقارىسى لا ئىلاھە ئىللەللاھ ( ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق ) سۆزى ، ۋە ئەڭ تۆۋىنى بولسا يولدىن زەخمەت يەتكۈزىدىغان نەرسىلەرنى ئىلىۋېتىش . بۇ تىما ھەققىتىكى ئايەتلەر ۋە ھەدىيسلەرنى تىغا ئالساق گەپ ئۇزىراپ كىتىدۇ .

ئىككىنچى ھالەت : <ئىسلام > سۆزى <ئىيمان> سۆزى بىلەن بىر ئورۇندا كىلىش ، بۇ ھالەتتە ئۇ ئىچكى، يەنى قەلبىتىكى ئىشىنىشنى كۆرسىتىدۇ دەپ چۈشىنىلىدۇ . جەبرائىل ھەدىيسى ۋە پەيغەمبەرنىڭ دەپنە دۇئاسى ھەدىيسىدە كەلگەندەك ، ئى ئاللاھ ئارىمىزدىن كىمگە ھاياتلىق بەرسەڭ ، ئىسلام ئۈستىدە ھاياتلىق بەرگىن . ئارىمىزدىن كىمنىڭ جىنىنى ئالساڭ ، ئىيمان ئۈستىدە جىنىنى ئالغىن . [ تىرمىزىي نەقىل قىلغان ، 124 . ھەمدە ئۇ : بۇ ياخشى سەھىيھ ھەدىيس دىگەن .ۋە شۇنىڭدەك سەھىيھ سۇنەنۇ تىرمىزىي دا بايان قىلىنغاندەك ئەلبانىي ئۇنى سەھىيھ ھەدىيس دەپ تۆرگە ئايرىغان . ]

چۈنكى ، بەدەن ئىش–ئەمەللىرى پەقەت ھايات ھالەتتىلا ئىشقا ئاشىدۇ ، بىراق بىر ئادەم ئۆلسە بارلىق قىپقالىدىغان نەرسە يۈرەكنىڭ سۆزى ۋە ھەركەتلىرىدۇر .

خۇلاسە : ئىيمان ياكى ئىسلام سۆزىنىڭ قايسى بىرى يالغۇز تىلغا ئېلىنسا ، ئۇنداقتا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پەرق يوق ، بەلكى ھەربىرى يالغۇز تىلغا ئېلىنغاندا بىر پۈتۈن دىننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . ئەگەر بۇ ئىككى ئىسىمنىڭ پەرقى بار دىيىلسە ،< ئىسلام > سۆزى بەدەن ئەزالىرىدىكى تاشقى ئىشلارنى ، < ئىيمان> سۆزى بولسا ئىچكى قەلبىپ ئىش–ھەركەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ . بۇ بولسا مۇسلىم سەھىيھىدە (8) ئۇمەر بىن خەتتابتىن نەقىل قىلغان جەبرائىل ھەدىيسى كۆرسەتكەن نەرسە ، ئۇ مۇنداق دىگەن : بىر كۈنى بىز ئاللاھ ئەلچىسى بىلەن بىللە ئىدۇق . ئالدىمىزدا ئاپئاق كىيىملىك ، قاپقارا چاچلىق بىر كىشى پەيدا بولدى . ئۇنىڭدا

ھېچبىر سەپەرنىڭ ئەسىرى يوق ئىدى . ئارىمىزدىن ھېچكىم ئۇنى تونۇمايتتى . ئۇ كىلىپ پەيغەمبەرنىڭ قېشىدا ئولتۇردى ھەمدە ئىككى تىزىنى ئۇنىڭ ئىككى تىزىغا چاپلىدى ، ئىككى ئالقىنىنى ئۇنىڭ ئىككى يوتىسىغا قويدى . ھەمدە ئۇ : " ئى مۇھەممەد ، ماڭا ئىسلام توغرىسىدا سۆزلەپ بەرگىن . " دىدى . ئاللاھ ئەلچىسى : ئىسلام بولسا ئاللاھتىن بۆلەك ئىبادەت قىلىشقا لايىق ھېچكىم يوق ، مۇھەممەد ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بىرىشىڭ ، ناماز ئۆتىشىڭ ، زاكات بىرىشىڭ ، روزا تۇتۇشۇڭ ۋە قۇدرىتىڭ يەتسە ھەج قىلىشىڭدۇر . دىدى . ئۇ : " راست سۆزلىدىڭ ." دىدى . بىز ئۇنىڭ سوئالنى سوراپ ئاندىن ئۇنى راست دىيىشىدىن ئەجەپلەندۇق . ئاندىن ئۇ : " ماڭا ئىيمان ھەققىدە سۆزلەپ بەرگىن ." دىدى . ئۇ : ئاللاھ ، ئۇنىڭ پەرىشتىلىرى ، كىتاپلىرى ، ئەلچىلىرى ۋە قىيامەت كۈنى ھەققىدە ئىشىنىشىڭ ھەمدە تەقدىر ئۇنىڭ ياخشى ۋە يامىنى ھەققىدە ئىشىنىشىڭدۇر . دىدى . ئۇ : " راست سۆزلىدىڭ ." دىدى. ئۇ : ' ماڭا ئىھسان ھەققىدە سۆزلەپ بەرگىن . " دىدى . ئۇ : ئاللاھقا خۇددى سەن ئۇنى كۆرۈپ تۇرغاندەك ئىبادەت قىلىش ، گەرچە سەن ئۇنى كۆرەلمىسەڭمۇ ، ئۇ سىنى كۆرەلەيدۇ . دىدى . ئۇ : " قىيامەتنىڭ ۋاقتى توغرىسىدا سۆزلەپ بەرگىن . " دىدى . ئۇ : سورالغۇچى سورىغۇچىدىن كۆپ بىلمەيدۇ . دىدى . ئۇ : " ئۇنداقتا ماڭا ئالامەتلىرى ھەققىدە سۆزلەپ بەرگىن . " دىدى . ئۇ : دىدەكنىڭ خوجايىنىنى تۇغۇشى ، ھەمدە ئىگىز بىنالارنى سىلىشتا بەسلىشىۋاتقان يالاڭاياق ، يالىڭاچ كەمبەغەل پادىچىلارنى كۆرۈشۈڭ . دىدى . ئاندىن ئۇ كەتتى ، مەن بىر ئاز تۇردۇم ، ئاندىن ئۇ ماڭا : ئى ئۆمەر ، سەن سوئال سورىغۇچىنىڭ كىملىكىنى بىلەمسەن ؟ دىدى . مەن : " ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسى ياخشى بىلىدۇ ." دىدىم . ئۇ : ئۇ بولسا جەبرائىل ، سىلەرگە دىنىڭلارنى ئۆگۈتۈش ئۈچۈن كەلگەن . دىدى .

ئۈچىنچى مەرتىۋە : ئىھسان ، ئۇنىڭ لۇغەتتىكى مەنىسى :بىر ئىشنى بەلەن قىلىش ، پۇختا قىلىش ، كۆڭۈل قويۇپ قىلىش .

شەرىئەتتىكى مەنىسى ئورنىغا قاراپ ھەرخىل بولىدۇ ، ھەمدە ئىككى خىل ھالىتى بار :

بىرىنچى ھالەت : ئىسلام ۋە ئىيمان سۆزى بىلەن باغلىنىپ كەلمەستىن ، بەلكى يالغۇز كىلىش ، ئۇ ھالەتتە ئىسلام ۋە ئىيمان سۆزى ھەققىدە يۇقۇردا بايان قىلىنغاندەك ئۇ بىر پۈتۈن دىننى كۆرسىتىدۇ .

ئىككىنچى ھالەت : ئۇ ئىككى سۆز بىلەن ياكى بىرى بىلەن بىللە كىلىش ، ئۇ ھالەتتە ، ئۇنىڭ مەنىسى : ئىچكى ۋە تاشقى قىلىقلىرىنى بەلەنلەشتۈرۈش بولىدۇ . پەيغەمبەر ئۇنى ئۇنىڭدىن بۆلەك ھىچ بىر ئىنسان چۈشەندۈرۈپ بىرەلمەيدىغان ئۇسۇلدا چۈشەندۈرۈپ بەردى . ئۇ( ئاللاھنىڭ تەرپىلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) مۇنداق دىدى : ئۇ خۇددى سەن ئاللاھنى كۆرۈپ تۇرغاندەك ئىبادەت قىلىشتۇر . گەرچە سەن ئۇنى كۆرەلمىسەڭمۇ ، ئۇ سىنى كۆرەلەيدۇ . مانا بۇ ئىسلامنىڭ ئەڭ يۇقۇرى ئورنى .

بۇنىڭغا ئىرىشكەنلەر ياخشى ئىشلارنى قىلىشتا ئەڭ ئالدىدا بولىدىغان ، جەننەتتىكى ئەڭ يۇقۇرى دەرىجىسى بىلەن ئاللاھقا ئەڭ يېقىن بولىدىغان كىشىلەردۇر .

پەيغەمبەر(ئاللاھنىڭ تەرپىلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) ئىھسان مەرتىۋىسىنىڭ ئىككى دەرىجىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ، ھەمدە مۇھسىنلار( بەلەن قىلغۇچىلار) غا بەلەن قىلىش جەھەتتە ئوخشاشمايدىغان ئىككى ماقام بارلىقىنى خەۋەر قىلدى :

بىرىنچى ماقام ، ھەمدە ئۇ بولسا ئىككى ئورۇننىڭ ئىچىدە ئۈستۈن تۇرىدىغىنى : ئاللاھقا خۇددى سەن ئۇنى كۆرۈپ تۇرغاندەك ئىبادەت قىلىشىڭ . بۇنى بىر قىسىم ئالىملار " كۆرۈش ماقامى " دەپ ئاتايدۇ . ھەمدە ئۇ بولسا بەندىنىڭ خۇددى قەلبىدە

ئاللاھنى كۆرۈپ تۇرغاندەك ئىش قىلىشى بولۇپ ، قەلبىي ئىمان بىلەن نۇرلىنىدۇ ، ئاخىرىدا كۆرۈنمەسلەر( غەيىپلەر) خۇددى كۆرگىلى بولىدىغان نەرسىگە ئايلىنىدۇ . كىمكى ئاللاھنىڭ ئۇنىڭغا يىقىنلىقىنى ، ئۇنىڭغا روبىرولىقىنى ، ھەمدە ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ خۇددى ئۇنىڭغا نەزەر سىلىۋاتقانلىقىنى كۆڭلىگە كەلتۈرۈپ ئىبادەت قىلسا ، جەزمەنكى ئۇنىڭدا ئاللاھتىن ئەيمىنىش، قورقۇش ، ھىيقىش ۋە ئۇلۇغلاش بولىدۇ .

ئىككىنچى ماقام : ساپىدىللىق ماقامى ، ئۇ بولسا بەندىنىڭ ئاللاھنىڭ ئۇنىڭغا نەزەر سىلىپ تۇرىدىغىنىنى ، كۆرۈپ تۇرىدىغىنىنى ھەمدە ئۇنىڭغا يىقىنلىقىنى كۆڭلىگە كەلتۈرۈپ ئىش قىلىشى بولۇپ ، ئەگەر بەندە بۇنى ئىش_ھەركىتىدە كۆڭلىگە كەلتۈرسە ۋە شۇ ئاساستا ئىش قىلسا ، ئۇنداقتا ئۇ ئۇلۇغ ئاللاھقا ساپدىل بولغۇچى ( مۇخلىس) بولىدۇ . چۈنكى ئۇنىڭ ئىش_ئەمىلىدە ئۇنى كۆڭلىگە كەلتۈرىشى ئۇنى ئاللاھتىن باشقىسىغا دىققىتىنى بۆلۈشتىن ، ياكى ئۇنىڭدىن غەيرىگە بىر ئىش قىلىشتىن توسىدۇ .

ئەگەر بەندە بۇ ماقامغا يەتسە ، ئۇنىڭ بىرىنچى ماقامغا يىتىشى ئوڭاي بولىدۇ . شۇڭلاشقا پەيغەمبەر(ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) بۇنى بىرىنچىسىگە سەۋەپ قىلىپ كۆرسەتتى : گەرچە سەن ئۇنى كۆرەلمىسەڭمۇ ، ئۇ سىنى كۆرۈپ تۇرىدۇ . ئەگەر ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ ئۇنى كۆرۈپ تۇرىدىغىنى ، ئۇنىڭ يۇشۇرۇن ، ئاشكارا ، ئىچكى ۋە تاشقى ئىشلىرىنىڭ ئۇنىڭغا ئايانلىقى ، ھىچ ئىشىنىڭ ئۇنىڭغا يۇشۇرۇن ئەمەسلىكى ئۇنىڭ ئىبادىتىدە ئىشقا ئاشسا ، ئۇ چاغدا ئۇنىڭ ئىككىنچى ماقامغا يۆتكىلىشى ئاسان بولىدۇ . ھەمدە ئۇ بولسا ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ بەندىسىگە يىقىنلىقى ۋە بىرگە ئىكەنلىكىنى داۋاملىق ھىس قىلىش ، ئاخىرىدا ئۇنى كۆرگەندەك بولۇش . ئاللاھتىن ئۇنىڭ كاتتا سىخىيلىقىدىن سورايمىز .

[ پىشىۋا ھافىز ھەكىمىينىڭ مەئارىج قۇبۇل 2 20-33 ، 326-328 ؛ مەجمۇئى سەمىين 1 49 ،53 ؛ جامىئى ئۇلۇم ۋەل ھۇكۇم 1106 گە قاراڭ . ]